ئاساسىي قاتلامنىڭ مالىيە كۈچىنى تولۇقلاش يۈرۈشۈش ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئاشۇرۇش

——«ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» توغرىسىدىكى يۈرۈشلۈك مۇلاھىزىنىڭ ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈرۈشۈشكە كاپالەتلىك قىلىش قىسمى

جۇڭگو ئىقتىسادىنى يېقىندىن كۆزىتىش

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى شېن چېك، لىيۇ شياسۇن

يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى تۇيۇقسىز يۈزبېرىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا زەربە ئېلىپ كەلدى. بەزى رايونلارنىڭ مالىيە كىرىم - چىقىم ۋەزىيىتى بىرقەدەر كەسكىن بولۇپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈرۈشۈشى خىرىسقا دۇچ كەلدى.

يۆتكەپ چىقىم قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇش، يەرلىك مالىيەنىڭ مەبلەغنى قالدۇرۇپ ئىشلىتىش نىسبىتىنى باسقۇچلۇق ئۆستۈرۈش، خۇبېي ئۆلكىسىگە قارىتا مەبلەغنى ھەپتە بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇش، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ناھىيە دەرىجىلىك خەزىنە پۇلىنى كۆزىتىش - ئۆلچەشنى كۈچەيتىش... يۇقۇم يۈزبەرگەندىن بۇيان، بىر قاتار تەدبىرلەر ۋاقتىدا ئوتتۇرىغا چىقىرىلىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ مالىيە كۈچى تولۇقلىنىپ، قىيىنچىلىقى بار رايونلارغا كاپالەتلىك قىلىش كۈچەيتىلىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ ئاساسىي خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، مائاشقا كاپالەتلىك قىلىش، يۈرۈشۈشكە كاپالەتلىك قىلىش تۆۋەن چېكى ھەقىقىي پۇختىلاندى.

كۆپ تەدبىر تەڭ قوللىنىلىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ مالىيە كۈچى تولۇقلاندى

بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، بىر تەرەپتىن، يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش تۈپەيلىدىن مالىيە كىرىمدە تۆۋەنلەش ۋەزىيىتى كۆرۈلدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، كارخانىلارغا ياردەم بېرىش - يۆلەش قاتارلىق جەھەتلەردىكى چىقىم كۆپىيىپ، تېخىمۇ كۆپ مەبلەغ سەرپ قىلىشقا توغرا كەلدى. «كىرىمنىڭ ئازىيىش» «چىقىمنىڭ كۆپىيىش» ئوتتۇرىسىدا ئاساسىي قاتلامنىڭ مالىيە كىرىم - چىقىم زىددىيىتى گەۋدىلىك بولدى.

بەزى ناھىيە دەرىجىلىك مالىيە كادىرلىرى مۇنداق بىلدۈردى: يۇقۇمغا پائال تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ئايرىش نۇقتىسى تەسىس قىلىش، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرىنى سېتىۋېلىش، دوختۇرخانىنىڭ جىددىي قۇتقۇزۇش ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋېلىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى چىقىملارنىڭ ھەممىسى ئاز بولمىدى، مالىيە كىرىمنىڭ ئازىيىشى قوشۇلۇپ، «ئاساسىي خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، مائاشقا كاپالەتلىك قىلىش، يۈرۈشۈشكە كاپالەتلىك قىلىش بېسىمى يەنىمۇ ئاشتى».

«يۇقۇم ۋەزىيىتىدە، ئاساسىي قاتلام مالىيە كىرىم - چىقىمنىڭ تەڭپۇڭ بولۇش بېسىمى زورايدى. جۇڭگو باج ئىلمى جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاڭ لىيەنچى مۇنداق دېدى: ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈرۈشۈشكە كاپالەتلىك قىلىشتا، ئاچقۇچ «پۇل نەدىن كېلىدۇ» دېگەن مەسىلىنى ھەل قىلىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈرۈشۈشىنىڭ نورمال، تەرتىپلىك بولۇشىغا تۈرتكە بولۇش.

يۆتكەپ چىقىم قىلىش مەبلەغنى ۋاقتىدا چۈشۈرۈپ، يەرلىكنىڭ مالىيە مەبلەغنى قالدۇرۇپ ئىشلىتىش نىسبىتىنى باسقۇچلۇق ئۆستۈرۈش ... يۇقۇم يۈزبەرگەندىن بۇيان، بىر قاتار تەدبىرلەر تېزدىن ئوتتۇرىغا چىقىرىلىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ مالىيە كۈچى تولۇقلاندى.

«بۇلتۇر 4 - پەسىلدە 6 تىرىليون 100 مىليارد يۈەن يۆتكەپ چىقىم قىلىش مەبلىغى مۇددەتتىن بۇرۇن چۈشۈرۈلگەن ئاساستا، بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان ئالدىن ئاجرىتىلغان تەڭپۇڭلۇق يۆتكىمە چىقىم 70 مىليارد يۈەن، ناھىيە دەرىجىلىك ئاساسىي مالىيە كۈچى كاپالىتى مېخانىزمى مۇكاپات تولۇقلىما مەبلىغى 40 مىليارد 600 مىليون يۈەن بولۇپ، يەرلىك مالىيەنىڭ خىراجەتكە كاپالەتلىك قىلىش ئىقتىدارى ئاشۇرۇلدى.» دېدى مالىيە مىنىستىرلىقى خامچوت مەھكىمىسىنىڭ 1 - دەرىجىلىك كۆزەتكۈچىسى ۋاڭ كېبىڭ.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەرقايسى جايلاردىكى ھەر دەرىجىلىك مالىيە تارماقلىرى شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ سىياسەتلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ كىرىم - چىقىم زىددىيىتىگە پائال تاقابىل تۇردى.

خامچوت تۈزۈش، ئىجرا قىلىش، پۈتكۈل جەريانىنى نازارەت قىلىپ تىزگىنلەشنى پۇختا ئىنچىكە ئىشلەپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ كاپالەت ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشنى ئومۇميۈزلۈك يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ مالىيەنى ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە «ئاساسقا كاپالەتلىك قىلىش، تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش» مېخانىزمنى ئورنىتىش ... يۈننەن ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى كۆپ تۈرلۈك كۈچلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ھەر دەرىجىلىكنىڭ مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ نورمال يۈرۈشۈشىنى كۈچلۈك قوللىدى.

قىيىنچىلىقى بار رايونلاردىكى ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈرۈشۈشكە كاپالەتلىك قىلىش كۈچەيتىلدى

1 - پەسىلدە ھەرقايسى جايلار ئېلان قىلغان ئىقتىسادىي سانلىق مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، يۇقۇم بىرقەدەر ئېغىر رايونلار ۋە نامرات رايونلارنىڭ مالىيە كىرىم - چىقىم زىددىيىتى تېخىمۇ روشەن بولغان. بۇ رايونلاردىكى ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈرۈشۈشكە كاپالەتلىك قىلىش - قىلالماسلىق ئىنتايىن مۇھىم.

خۇبېي ئۆلكىسىدىكى ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈرۈشۈش چىقىمىغا كاپالەتلىك قىلىشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، مالىيە مىنىستىرلىقى 3 - ئايدىن باشلاپ، خۇبېي ئۆلكىسىگە قارىتا مەبلەغنى ھەپتە بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمەت مېخانىزمىنى ئورناتتى؛ خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ مالىيەسىنىڭ يۈرۈشۈش ئەھۋالىغا يېقىندىن دىققەت قىلىپ، خۇبېي ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىنىڭ ناھىيە، رايون مالىيەسىنىڭ خەزىنە پۇلىغا كاپالەتلىك قىلىشنى كۈچەيتىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈرۈشۈشىنىڭ تەرتىپلىك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ شىياڭياڭ شەھىرى ئەنجاڭ ناھىيەسىدە، كۆپ تەرەپ مەبلەغ توپلاش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق، مائاش، شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى، كارخانا ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى قاتارلىق تۈرلۈك مەبلەغ ۋاقتىدا تارقىتىلىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ نۇقتىلىق چىقىمى ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە قىلىندى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك مالىيە تارماقلىرىمۇ پائال تۈردە سىياسەتلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، يۇقىرى - تۆۋەن بىرلىشىپ ھەرىكەتكە كېلىشنى كۈچەيتىپ، قىيىنچىلىقى بار رايونلارنى قوللاش سالمىقىنى زورايتتى.

بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، شەندۇڭ ئۆلكىسى مالىيە جەھەتتە قىيىنچىلىقى بار ناھىيەلەردە مائاش مەخسۇس ئىسچوتى تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ، 11 تۈرلۈك ئۆلكە دەرىجىلىك مالىيە كۈچى خاراكتېرلىك يۆتكىمە چىقىمنى قىيىنچىلىقى بار ناھىيەلەرنىڭ مائاش مەخسۇس ئىسچوتىغا بىۋاسىتە ئاجرىتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۆلكە بىۋاسىتە باشقۇرىدىغان ناھىيەلەرنىڭ مالىيە مەبلىغىنى قالدۇرۇپ ئىشلىتىش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ نەق پۇل ئوبوروتىنى يەنىمۇ كۆپەيتتى.

ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈرۈشۈشكە كاپالەتلىك قىلىشتىكى ئاچقۇچ قىيىنچىلىقى بار رايونلاردىكى ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈرۈشۈش ھالىتىنى ئىگىلەپ، مالىيەسىدىكى «يوچۇق»نى ئېنىقلاپ، خەۋپ - خەتەرنى بالدۇرراق تۈگىتىشتە.

«بىز پۈتۈن مەملىكەتتىكى ناھىيە دەرىجىلىك مالىيەنىڭ خەزىنە پۇلىنى كۆزىتىش - ئۆلچەش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، ناھىيە دەرىجىلىك خەزىنە پۇلىنى باشقۇرۇش ئەھۋالىنى كۆزىتىش - ئۆلچەش ۋە نازارەتچىلىك - يېتەكچىلىك قىلىشنى كۈچەيتتۇق.» دېدى مالىيە مىنىستىرلىقى دۆلەت خەزىنىسى چىقىم مەركىزىنىڭ مۇدىرى لىيۇ جىنيۈن. ئىگىلىنىشچە، بۇ مېخانىزم خەزىنە پۇلىنىڭ كاپالەتلىك قىلىش سەۋىيەسى سەل تۆۋەن بولغان، مائاش تارقىتىشى قىيىن بولغان ناھىيە، رايونلارنى ئۈنۈملۈك كۆزىتىپ - ئۆلچەپ، يەرلىك مالىيە تارماقلىرىنىڭ پائال تەدبىر قوللىنىپ، خەۋپ - خەتەرنى ۋاقتىدا بايقاپ، قىيىنچىلىقنى بالدۇرراق ھەل قىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىدىكەن.

ئاساسىي قاتلام ئىدارە قىلىش ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى

ھازىر، ئىقتىسادىي تەرەققىيات مىسلى كۆرۈلمىگەن خىرىسقا دۇچ كەلدى. ئىقتىسادنىڭ «بارومېتىرى» بولۇش سۈپىتى بىلەن، مالىيە كىرىم - چىقىمنىڭ يۈرۈشۈشى يەنە داۋاملىق بېسىمغا ئۇچرايدۇ، ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈرۈشۈشىمۇ داۋاملىق خىرىسقا دۇچ كېلىدۇ.

قىزىل رەقەم نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئالاھىدە دۆلەت زايومى تارقىتىش... يېقىندا ئېچىلغان مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى يىغىنىغا ئاساسەن، تېخىمۇ زور سالماقتا ئىگە مالىيە سىياستى يولغا قويۇلۇپ، ئاساسىي قاتلام مالىيە كۈچىنىڭ يەنىمۇ تولۇقلىنىشىدىن ئۈمىد بار.

«مالىيە قىزىل رەقەمى نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش، ئالاھىدە دۆلەت زايومى تارقىتىش مالىيە مەبلىغى ‹زاپىسى›نى بىۋاسىتە، ئۈنۈملۈك تولۇقلايدۇ.» جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مالىيە - ئىقتىساد ئىستراتېگىيەسى تەتقىقات يۇرتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ياڭ جىيۇڭ مۇنداق دېدى: بۇ سىياسەت مەبلەغلىرىنىڭ كۆلىمى نەچچە تىرىليون يۈەن دەرىجىگە يېتىپ، يەرلىكنىڭ كىرىم - چىقىم زىددىيىتىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىشىدىن ئۈمىد بار.

مۇتەخەسسىس، ئالىملار مۇنداق بىلدۈردى: ھازىرقى قىيىنچىلىقلارغا پائال تاقابىل تۇرۇشتىن باشقا، يەنە ئاساسىي قاتلام ئىدارە قىلىش ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈرۈشۈشىنىڭ تېخىمۇ ئەلا بولۇشى، تېخىمۇ ھاياتىي كۈچكە تولغان بولۇشى، تېخىمۇ ئىمكانىيەتلىك سىجىل بولۇشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

«ئاساسىي قاتلامنىڭ بېسىمىنى تۆۋەنلىتىپ ھوقۇق بېرىشنى تېزلىتىش كېرەك.» جۇڭگو ماكرولۇق ئىقتىساد تەتقىقات يۇرتى ئىجتىمائىي سىياسەت ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى جاڭ بېنبو مۇنداق تەكلىپ بەردى: بىر تەرەپتىن، مەسئۇلىيەت تىزىملىكى تۇرغۇزۇپ، ئوخشاش بولمىغان قاتلام، تارماقلار ئوتتۇرىسىدىكى مەسئۇلىيەت چېگراسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ بېسىمىنى تۆۋەنلىتىشنى تۈزۈم كاپالىتى بىلەن تەمىنلەش كېرەك؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ھوقۇق بېرىش تىزىملىكىنى تۈزۈپ، تېخىمۇ كۆپ جەمئىيەت بايلىقى، باشقۇرۇش ھوقۇقى دائىرىسى ۋە خەلق تۇرمۇشى مۇلازىمىتىنى ئاساسىي قاتلامغا يەتكۈزۈشكە تۈرتكە بولۇپ، تېخىمۇ كۆپ ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ، مالىيە كۈچىنى ئاساسىي قاتلامغا يەتكۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

نۇرغۇن كەسپىي زاتلارنىڭ قارىشىچە، كېيىنكى قەدەمدە يەنە خامچوت تۈزۈمى ئىسلاھاتى تېزدىن ئالغا سىلجىتىلىپ، خامچوت نەتىجە - ئۈنۈمنى باشقۇرۇش سىستېمىسى مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، نەتىجە - ئۈنۈمنى باشقۇرۇش ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىغىچە ئۇزارتىلىپ، بارلىق مەبلەغنى قاپلاپ، سىياسەت ۋە مەبلەغنىڭ يۆنىلىشچانلىقى، دەل جايىدا بولۇشى، ئۈنۈملۈك بولۇشى ئۆستۈرۈلۈپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ «غورىگىل كۈن»نى ياخشى ئۆتكۈزۈپ، چەكلىك مەبلەغنى «دەل جايىغا» ئىشلىتىشكە تۈرتكە بولۇنىدىكەن.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى تېلېگراممىسى)

(بېشى 1 - بەتتە)

ئورمان 1 مىليون 233 مىڭ 700 مو. 3 - ئايدىن باشلاپ، ھەرقايسى جايلار يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى قاتتىق ياخشى ئىشلەش ئالدىنقى شەرتىدە، مەجبۇرەن كۆچەت تىكىش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق بۇ يىللىق ئورمان بىنا قىلىش پائالىيىتىنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇردى.

قاشالاپ يېتىشتۈرۈش كۆلىمىنى ئورمان بىنا قىلىش ۋەزىپىسىگە كىرگۈزۈش، باھالاش نەتىجىسىگە كىرگۈزۈش شىنجاڭنىڭ بۇ يىللىق ئورمان بىنا قىلىش پائالىيىتىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى. ئاقسۇ كوڭتەيلىك مىليون مو چۆللۈكنى كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى رايونىدا ئورمان بىنا قىلىشقا باب كېلىدىغان رايونلاردا كەڭ كۆلەمدە يېڭى كۆچەت تىكىلدى، لېكىن تېخىمۇ كۆپ جايدا قاشالاپ ئۆستۈرۈش يولغا قويۇلدى. ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ 335 مىڭ 900 مو ئەتىيازلىق ئورمان بىنا قىلىش پىلانىدا، يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن سۈنئىي ئورمان بىنا قىلىش كۆلىمى 82 مىڭ 200 مو، قالغان 253 مىڭ 700 مو يەرنىڭ ھەممىسى تەبىئىي ئورمان بولۇپ قاشالاپ ئۆستۈرۈلدى.

«بۇ ناھايىتى ئاكتىپ يۆنىلىشلىك رول ئوينىدى، شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا تېخىمۇ ئۇيغۇن.» ياڭ جيەنمىڭ مۇنداق دېدى: «ھازىر بىز سۈنئىي ئارىلاشتۇرۇش ئارقىلىق كېڭەيگەن تەبىئىي ئورماننىڭ تۈپلىنىش كۆلىمىنىمۇ ۋەزىپە كۆلىمىگە كىرگۈزۈپ، ‹سۇغا قاراپ ئورمان كۆلىمىنى بەلگىلەش› بىلەن ئورمان بىنا قىلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى تۈگىتىپلا قالماي، ئورمان بىنا قىلىشنىڭ ئۈنۈمدارلىقى ۋە سىجىللىقىنى يەنىمۇ ئۆستۈردۇق».

چۆل - جەزىرىلەر قاشالاپ ئۆستۈرۈش ئارقىلىق ئارام ئالدۇرۇپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندە، بوستانلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئورمان بىنا قىلىش يۆنىلىشى ۋە مۇھىم نۇقتىسىدىمۇ ئاستا - ئاستا ئۆزگىرىش بولىدۇ. 4 - ئاينىڭ 27 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، كۆكقاشا جەنۇبىي كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ياسىنجان ئابدۇشۈكۈر يۇرتداشلار بىلەن بىللە، ئوت - چۆپ ئۇرۇقىنى كەنت يولىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى كۆكەرتىش بەلبېغىغا چاچتى، ئوخشاش بىر دائىرىدە «قەد كۆتۈرۈپ تۇرغىنى» دەل تىكىلگىنىگە ئۇزاق بولمىغان تاش ئالما كۆچەتلىرى ئىدى.

«بىزنىڭ تاش ئالما كۆچىتى تىكىشىمىز مېۋىسى ئۈچۈنلا ئەمەس، بۇ كۆچەت چىرايلىق ئىكەن.» كۆكقاشا جەنۇبىي كەنتىنىڭ 1 - شۇجىسى ئامان ئاربارات مۇنداق دېدى: «ھازىر بىز چۆل - جەزىرىگە تۇتىشىدىغان بولدۇق، كەنت ئەتراپى ۋە كوچىلارغا تىكىپ، دۆلەت زېمىنىنى كۆكەرتىش بىلەن كەنتلەرنى كۆكەرتىش، گۈزەللەشتۈرۈشنى بىرلەشتۈردۇق، بۇ ئىككىلا تەرەپ ئۈچۈن ياخشى».

كۆكقاشا جەنۇبىي كەنتى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بۇ يىللىق كەنتلەرنى كۆكەرتىش، گۈزەللەشتۈرۈش تىزىملىكىدىكى 694 كەنتنىڭ بىرى. ھازىرغا قەدەر، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كەنتلەرنى كۆكەرتىش، گۈزەللەشتۈرۈش تۈرىنىڭ 571دە قۇرۇلۇش باشلىنىپ، پىلاننىڭ 82.3%نى ئىگىلىدى، تاماملانغان كۆلەم 15 مىڭ 100 موغا يەتتى.

كەنتلەرنى گۈزەللەشتۈرۈش بىلەن بىللە، بوستانلىق ئېتىز - ئېرىق ئىھاتە ئورمىنىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، ئۆزگەرتىش خىزمىتىمۇ تەرتىپلىك ئىشلەنمەكتە. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش، دۆلەت زېمىنىنى كۆكەرتىشتىكى مۇھىم نۇقتا بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئېتىز - ئېرىق ئىھاتە ئورمىنىدا يەرلىك دەرەخ تۈرلىرىنى ئاساس قىلىپ، ئامما ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىپ، ھۆكۈمەت كۆچەت بىلەن تەمىنلەش، ئامما كۆچەت تىكىشكە سەپەرۋەر قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، مېۋىلىك كۆچەتكە باب كەلسە مېۋىلىك كۆچەت تىكىش، كۆچەتكە باب كەلسە كۆچەت تىكىش، گۈل ئۆستۈرۈشكە باب كەلسە گۈل ئۆستۈرۈش، ئوت - چۆپ ئۆستۈرۈشكە باب كەلسە ئوت - چۆپ ئۆستۈرۈش پرىنسىپى بويىچە قۇرۇلۇش قىلىنىدۇ.

«بۇ يىل 200 مىڭ مو باغ ئەتراپىدىكى ئىھاتە ئورمىنى قۇرۇلۇشى ۋەزىپىسى ئالدىن تاماملىنىدۇ. 2022 - يىلىغا بارغاندا، ئاپتونوم رايونىمىز 950 مىڭ مو ئېتىز - ئېرىق ئىھاتە ئورمىنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسىنى تاماملايدۇ» دېدى ياڭ جيەنمىڭ.

(بېشى 1 - بەتتە)

يېقىندا ئاپتونوم رايونلۇق ساياھەت كەسپى تەرەققىياتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى «شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ مەنزىرە رايونلىرىغا كىرىشكە تۈرتكە بولۇش توغرىسىدىكى پىكىر»نى بېسىپ تارقىتىپ، بۇ يىلدىن باشلاپ يېزا ئىگىلىكى بىلەن ساياھەتچىلىكنىڭ يۇغۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، تېخىمۇ كۆپ ئەلا سۈپەتلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ساياھەت ھەمراھ سوۋغاتلىرىغا ئايلاندۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئەلا سۈپەتلىشىش، خاسلىشىش، سۈپەتلىك ماركىلىشىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى سىجىل ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنى كۈچلۈك تىرەككە ئىگە قىلىدىغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇردى.

ئاپتونوم رايونىمىز ھۆكۈمەت يېتەكلەش، بازار ئارقىلىق يۈرۈشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئۆزگەرتىپ قۇرۇش، كېڭەيتىپ قۇرۇش، يېڭىدىن قۇرۇش قاتارلىقلار ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى مەنزىرە رايونلىرىغا كىرگۈزۈش بويىچە بىر تۈركۈم تىجارەت مەركەزلىرىنى مەركەزلىك ئۆزگەرتىپ قۇرىدۇ. بۇ يىل 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن بۇرۇن، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە شارائىتى بار 3A دەرىجىلىك (ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)تىن يۇقىرى مەنزىرە رايونلىرىدا شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى مەنزىرە رايونلىرىدىكى تىجارەت مەركەزلىرىگە كىرگۈزۈپ ئورۇنلاشتۇرۇش، مەھسۇلاتلارنى كىرگۈزۈش، تىجارەت باشلاپ تىجارەت قىلىش بىلەن تولۇق قاپلاش ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. 2021 - يىلىدىن بۇرۇن، A دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مەنزىرە رايونلىرى ۋە شارائىتى بار ئىستىراھەت ساياھەت تىجارەت سورۇنلىرىدا شىنجاڭنىڭ خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى تىجارەت رايونى (پونكىتى، دۇكىنى، نۇقتىسى) بىلەن تولۇق قاپلاش تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىدىكى «سېتىۋېلىش» كەمتۈكلۈكى ھەقىقىي تولۇقلىنىپ، ساياھەت قىلىپ مال سېتىۋېلىش ئىستېمالىنىڭ قولايلىشىشى ۋە شۆھرىتىنى ئاشۇرۇش تېزلىتىلىدۇ. 2022 - يىلىغا بارغاندا، «داڭلىق، سۈپەتلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى . شىنجاڭ سوۋغىسى» تەشۋىقات شوئارى مەركەزلىك ياڭرىتىلىپ، شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى، ساياھەت تاۋارلىرىنىڭ رايون ئاممىۋى سۈپەتلىك ماركىسىنى شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، خاس ساياھەت يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ساياھەت ئىستېمالى ئومۇمىي سوممىسىدىكى نىسبىتى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇلىدۇ.

بازارنىڭ بايلىق تەقسىملەشتىكى ھەل قىلغۇچ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىز يەنە «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تىجارەت - سودا مۇھىتىنى سىجىل ئەلالاشتۇرۇپ، دۆلەت ئىلكىدىكى مەنزىرە رايونلىرىنىڭ ئالاھىدە ئىجازەتلىك تىجارەت ھوقۇقى تىجارەت دائىرىسىنى مۇۋاپىق قويۇۋېتىشكە ئىلھام بېرىپ، دۆلەت مۈلكى، دۆلەت كارخانىلىرى ھەم جەمئىيەت كاپىتالىنى شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى مەنزىرە رايونلىرىغا كىرگۈزۈشكە مۇناسىۋەتلىك تىجارەت پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشقا پائال يېتەكلەيدۇ؛ يېزا ئىگىلىكنى كەسپىلەشتۈرۈشتىكى نۇقتىلىق باشلامچى كارخانىلار، پۇقراۋى ساياھەت كارخانىلىرى، سودا ئەشيا ئوبوروتى كارخانىلىرى قاتارلىقلارنىڭ مەبلەغ سېلىش، پاي قوشۇش، پاي كونترول قىلىش، قوشۇۋېلىش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ تىجارەتكە قاتنىشىشىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ؛ ساياھەت ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش كارخانىلىرى، ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرى، نامرات كەنتلەردىكى بېيىش باشلامچىلىرى ئالدىن تىجارەتكە قاتناشتۇرۇلىدۇ. شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى مەنزىرە رايونلىرىغا كىرگۈزۈپ نامراتلارنى يۆلەش مەخسۇس رايونى (مەخسۇس پوكىيى) ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەرگە قارىتا ھەقسىز ئىشلىتىشكە بېرىلىدۇ.

يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى مال مەنبەسى جەھەتتە، «كەم تىجارەت قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلسا، شۇ مال كىرگۈزۈشكە تەشكىللەش» پرىنسىپى بويىچە، شىنجاڭ مەنزىرە رايونلىرى - مەنزىرە نۇقتىلىرى جەمئىيىتى، يېزا ئىگىلىكنى كەسپىلەشتۈرۈشتىكى باشلامچى كارخانىلار جەمئىيىتىنىڭ مەھسۇلاتلىرى بازارلىق، سۈپىتى بىخەتەر، ئەنئەنىچىلىك بولغان خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى مال مەنبەسى ئۇچۇرى بىلەن تەمىنلىشىگە ئىلھام بېرىلىدۇ، بىرلىككە كەلگەن مال بىلەن تەمىنلەش يولى سۈپىسى بەرپا قىلىشقا ئىلھام بېرىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بازار ئېھتىياجىغا قارىتا، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىلىرىنى تېخنىكا، جابدۇق سەۋىيەسىنى ياخشىلاشقا يېتەكلەش تېزلىتىلىپ، شىنجاڭنىڭ خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى، ساياھەت تاۋارلىرىنىڭ سانى، سۈپىتىنى قوش ئۆستۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇنىدۇ.

(بېشى 1 - بەتتە)

ئەخمەتجاننىڭ يۇقىرى قان بېسىمى بار، خوتۇنىنىڭ سالامەتلىكىمۇ ياخشى ئەمەس، ئىككىلا بالىسى مەكتەپتە ئوقۇيدۇ، يۇقۇم مەزگىلىدە ئۇ سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلالمىغاچقا، ئائىلىسىنىڭ كىرىمى تەسىرگە ئۇچرىغانىدى. دەل مۇشۇ چاغدا، ۋاقىتلىق قۇتقۇزۇش - ياردەم پۇلى بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ جىددىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى.

يۇقۇم مەزگىلىدە، ئەخمەتجانغا ئوخشاش ۋاقىتلىق قۇتقۇزۇشقا ئېرىشكەن قىيىنچىلىقى بار ئاممىمۇ يەنە ناھايىتى كۆپ. 1 - پەسىلدە، قىيىنچىلىقى بار ئاممىنى قۇتقۇزۇش ۋە ئۇلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە 190 مىليون يۈەن ۋاقىتلىق قۇتقۇزۇش - ياردەم پۇلى تارقىتىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتى ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى لى يۇڭفېڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىز ۋاقتىدا «كۈچلۈك، يادرولۇق» قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇش تەدبىرىنى چىقىرىپ، قىيىنچىلىقى بار ئاممىنى قۇتقۇزۇش ۋە ياردەم بېرىش - يۆلەشنى زورايتىپ، ئالاھىدە مەزگىلدە قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ ئاساسىي خەلق تۇرمۇشى تۆۋەن چېكىنى تولۇق مۇستەھكەملىدى، تولۇق پۇختىلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتى يەنە قىيىنچىلىقى بار ئاممىنى قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش، كاپالەتلەندۈرۈش شۆبە گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، خىزمەت مەخسۇس بەنى تەسىس قىلىپ، قىزىق لىنىيەدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان دەۋا - تەلەپلەرنى كۈندىلىك مەلۇم قىلىش، قەرەللىك سىنلىق ئورۇنلاشتۇرۇش، مۇۋاپىق ۋاقىتتا تېلېفوندا تەكشۈرۈش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، تۈرلۈك قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش سىياسەتلىرىنىڭ پۇختا ئەمەلىيلىشىشى، جايىدا ئەمەلىيلىشىشىنى ئالغا سىلجىتتى.

قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ يۇقۇم ئېلىپ كەلگەن تاسادىپىي، ۋاقىتلىق تۇرمۇش قىيىنچىلىقلىرىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىز ۋاقىتلىق قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ، بالدۇر بايقاش، بالدۇر ئارىلىشىش، بالدۇر قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك تېگى - تەكتىنى ئېنىقلاپ رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تەرتىپىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، ۋاقىتلىق قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، 12349 خەلق ئىشلىرى ئاممىۋى مەنپەئەت قىزىق لىنىيەسىدە 24 سائەت تېلېفون نۆۋەت مۇلازىمەت قىلىشنى يولغا قويۇپ، ئاممىنىڭ تېلېفون قىلىپ مەسلىھەت سورىشىغا ۋاقتىدا جاۋاب بەردى، ئاممىنىڭ قىيىنچىلىق دەۋا - تەلەپلىرىنى قوبۇل قىلدى. «مەن سىناپ بېقىش پوزىتسىيەسىدە قىزىق لىنىيەگە تېلېفون قىلغانىدىم، ۋاقىتلىق قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش سىياسىتىدە نوپۇسى شۇ جايدا بولمىغان كىشىلەرنىڭمۇ كاپالەتلەندۈرۈش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەنلىكىنى ئويلاپ باقماپتىمەن، مەن ناھايىتى تېزلا ۋاقىتلىق قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش پۇلىنى ئالدىم، ئاساسىي تۇرمۇشۇم كاپالەتكە ئىگە بولۇپ، ئىنتايىن ئىللىقلىق ھېس قىلدىم» دېدى ئىچكىرى رايوندىن شىنجاڭغا ئىشلەمچىلىك قىلغىلى كەلگەن يۈ ئەپەندى.

ۋاقىتلىق قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش سىياسىتىنى يولغا قويۇش بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونىمىز يەنە تارماقلارنىڭ ماسلىشىشىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق، يېزا - بازار، كوچا باشقارمىلىرىدا ۋاقىتلىق قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش زاپاس فوندى تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك ئورنىتىشنى ئالغا سىلجىتتى، يېزا - بازار، كوچا باشقارمىلىرى ۋاقىتلىق قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش ئىلتىماسىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاپ، قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىشنىڭ ۋاقىتچانلىقىنى ئۆستۈردى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتى يەنە ھەرقايسى جايلاردىكى خەلق ئىشلىرى تارماقلىرىنىڭ خىزمەت ئۇسۇلىدا يېڭىلىق يارىتىشىغا، سىياسەتتىن تولۇق، ياخشى پايدىلىنىشىغا، ۋاقىتلىق قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىشنىڭ تىرەكلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىغا ۋاقتىدا يېتەكچىلىك قىلىپ، نەق پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم ئارقىلىق قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش ئۇسۇلىنى جانلىق قوللىنىپ، قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇردى.